شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 - يىل 3 - ئاي
10
چارشەنبە
维吾尔文 3 月10日
25356 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 تىيانشان تورى: www.ts.cn

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس شى جىنپىڭغا ئالاقە ئەۋەتىپ، جۇڭگونىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا مۇھىم، زور تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى تەبرىكلىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى يېقىندا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭغا ئالاقە ئەۋەتىپ، جۇڭگونىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى تەبرىكلىدى.

گۇتېررېس مۇنۇلارنى بىلدۈردى: سىز يېقىندا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مۇتلەق نامراتلىقنى تۈگەتكەنلىكىنى جاكارلىدىڭىز. مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە سىزنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن. بۇ مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەت

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشقاندا مۇنداق تەكىتلىدى

«14 - بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىدا ياخشى باشلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى شۇەنلياڭ، مېي شىشيۇڭ) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن كېيىن 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشقاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، «14 - بەش يىل» باشلانغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلانغان يىل، شۇنداقلا دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا يېڭى «ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش»قا قەدەم بېسىلغان يىل. پۈتۈن ئارمىيە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ئىشلەش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىشى كېرەك.

يىغىندا، فاڭ شياڭ، شىن يى، چې خۇگۇاڭ، شياۋ دۇڭسۇڭ، ۋاڭ خۇيچىڭ، ۋاڭ چېڭەن قاتارلىق ئالتە ۋەكىل ئايرىم - ئايرىم سۆز قىلىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىش، يېڭى ساھەدىكى، يېڭى خۇسۇسىيەتلىك ئۇرۇش قىلىش كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جۈنشى تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش، ئىختىساسلىقلار خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىش، ئارمىيە قۇرۇلۇشى يىللىق پىلانىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ياخشى تۇتۇش، ئارمىيەمىزنىڭ مۈلۈك باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆتكەن بىر يىلدا دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تۇيۇقسىز تارقالغان، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ۋەزىيەت چىگىش، مۇرەككەپ بولغان ئەھۋالدا، پۈتۈن ئارمىيە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. □ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى گاڭ فوتوسى**

زۇڭلى لى كېچياڭ مۇخبىرلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى يېپىلغاندىن كېيىن، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ خەلق سارىيىنىڭ 3 - قەۋىتىدىكى ئالتۇن رەڭلىك زالدا مۇخبىرلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ ھەم جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىدۇ.

يۇقۇمنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئامما سەھىيە ۋە ساغلاملىقنى ئورتاق قوغداش ئۈچۈن، مۇخبىرلار يىغىنى تور سىنى شەكلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇ چاغدا مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى نەق مەيداندىن بىۋاستە تارقىتىدۇ. شىنخۇا تورى نەق مەيداندىن سۈرەت ۋە يېزىق ئارقىلىق بىۋاستە تارقىتىدۇ.

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات قاتارلىقلارغا قاراپ چىقتى

چېن چۈەنگو، ئەركىن ئىمرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ قاراپ چىقىشقا قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە چۈشتىن كېيىن، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى گۇرۇپپا يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار لايىھەسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار لايىھەسى، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى قارار لايىھەسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلاتقا قاراپ چىقتى.

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەركىن ئىمرباقى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، نەيىم ياسىن قاتارلىقلار قاراپ چىقىشقا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جىڭۋېيسى ۋاڭ جۈنجېڭ قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئالاقىدار يولداشلار سىن شەكلى ئارقىلىق پىكىرلەرنى ئاڭلىدى.

ۋەكىللەر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلاتنى تامامەن قوللايمىز. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى «ئىككى ئالىي مەھكىمە» خىزمىتىدىن دوكلاتنى مۇزاكىرە قىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **يۈەن لېي، جاڭ يۈنپېي، چېن چياڭۋېي**نىڭ بېيجىڭغا ئۇلاپ بەرگەن خەۋىرى: 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى ھەرقايسى ساھە گۇرۇپپىلىرى بويىچە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات ۋە ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلاتنى مۇزاكىرە قىلدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزاسى نۇرلان ئەبىلمەجىن گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىگە قاتناشتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

باش شۇجىغا دوكلات

سەممىي تاپشۇرۇقنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، گۈزەل كەلگۈسىگە يۈرۈش قىلىش

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 12 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 - يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقانلىقىنىڭ تۆت يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

□ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ۋاڭ شىڭرۇي**

قار - مۇزلار ئېرىپ، دەل - دەرەخلەر كۆكىرىشكە باشلىغان پەسىلدە، مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن باھار بىلەن كېلىشىۋالغاندەك ئۆز قەرەلىدە ئېچىلدى. ھەر قېتىم مۇشۇ چاغدا، دائىم بىر خىل ئىللىق ئېقىم قەلبىمىزگە تارىلىپ، بىزنى ئەسلەش ۋە ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ، بىزگە ئىشەنچ ۋە كۈچ بېغىشلايدۇ.

تۆت يىل ئىلگىرىكى بۈگۈنكى كۈندە، باش شۇجى شى جىنپىڭ 12 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 - يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتنىشىپ، ھەر مىللەت ۋەكىللەر بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇرۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنى ئورتاق كېڭەشتى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ، پىكىر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كەلگۈسىنى پىلانلىدى، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ھەر مىللەت ۋەكىللەر بۇنىڭدىن تولىمۇ ئىللىقلىق ھېس قىلدى ۋە روھلاندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما خۇشاللىققا چۆمۈپ، ئىشەنچى ھەسسىلەپ ئاشتى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات يولى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى تېخىمۇ كۈچەيدى.

تۆت يىل كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى، شىنجاڭ يېپيېڭى قىياپەتكە كىردى. «14 - بەش يىل» باشلانغان يىلدا تۇرۇپ قايتا ئەسلىسەك، ئاشۇ پەيتنىڭ چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ بەكرەك ھېس قىلالايمىز. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، باش شۇجىنىڭ سەممىي تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىرادىسى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن، كۈچلەرنى توپلاپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، ئەمەلىي، جاپالىق ئىشلىدى، مۇقىملىقنى قوغداپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق رايىنى مۇجەسسەملەپ، ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملىدى، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ تىنچ - ئىناقلىقتا، جۇشقۇنلۇققا تولۇپ، يېپيېڭى بىر سەھىپە ئاچتى.

سەممىي چوڭقۇر مۇھەببەت تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىنى ياشارتتى

ۋاقىت ئۇچقاندەك ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئالاھىدە ۋاقىت تۈگۈنىگە ئويۇلغان تارىخىي ئىزنالار ۋاقىت ئۇزارغانسېرى يېڭىلىنىپ خۇددى تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېنىق ئەستە قالدى.

تۆت يىلنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان پەيتنى ئەسلىگىنىدە، ئىلگىرى نەق مەيداندا باش شۇجى شى جىنپىڭغا دوكلات قىلغان قەشقەر شەھىرى شامالباغ بازىرىنىڭ مۇئاۋىن بازار باشلىقى رەيھانگۈل ئىمىر ھېلىھەم ھاياجانغا تولغان ھالدا مۇنداق دېدى: «باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتنىشىشى شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە سەممىي غەمخورلۇق قىلغانلىقىدۇر. باش شۇجىنىڭ سەممىي تاپشۇرۇقى بىزنىڭ شىنجاڭنى ياخشى قوغداش، ياخشى گۈللەندۈرۈش، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشەنچىمىز ۋە ئىرادىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتتى».

باش شۇجى شى جىنپىڭ باشتىن - ئاخىر شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ تۇپراق ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غېمىنى يەپ كەلدى.

قاراپ چىقىشقا قاتناشقان مەزگىلدە، باش شۇجى يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرگە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بولغان ياخشى تىلەكلىرىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتتى، شىنجاڭدىكى خاس كەسىپلەر تەرەققىياتىنى كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا سورۇشتۇردى، قۇربان تۇلۇمنىڭ قىزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە سالام ئېيتتى، ھەربىر سوئال، ھەربىر جاۋابىغا چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت سىڭگەن بولۇپ، ھەربىر ئېغىز سۆزى قەلبلەرنى ئىللىتتى. باش شۇجى مۇھىم سۆز قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرگە قارىتا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەربىر سۆزىگە چوڭقۇر كۆيۈنۈش ھېسسىياتى سىڭگەنىدى، سەممىي ئۈمىدى كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيتتى.

باش شۇجىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تاپشۇرۇقى ناھايىتى تېزلا تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا تارالدى، ھەر مىللەت ئامما بۇنىڭدىن روھلاندى. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە جىددىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا، باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقى ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلىنىپ، شىنجاڭ تۇپرىقىدا يېڭى كۆرەش يۈكسىمە رەسمىنى ئاچتى. ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما تاپشۇرۇقنى ئەستە چىڭ ساقلاپ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)